# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 10 ـ ئاي
17
پەيشەنبە
维吾尔文 10 月17日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   24851 ـ سان   بۈگۈن 4 بەت


جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

## شى جىنپىڭ موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى باتتۇلگا بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

### لى كېچياڭ موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭلىسى كۈرىلسۈكې بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى باتتۇلگا بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش دوستانە قوشنا دۆلەتلەر، موڭغۇلىيە دۆلىتى ئەڭ بۇرۇن يېڭى جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ئىككى دۆلەت دوستانە ھەمكارلىق چوڭ يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇپ،
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى خۇلاسىلەش يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

## شى جىنپىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىگە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سەممىي كۆرۈشتى

### يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى يەتكۈزۈلدى   سۆزنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

### لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن كۆرۈشۈشكە قاتناشتى   ۋاڭ خۇنىڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم خۇلاسىلەش يىغىنىدا سۆز قىلدى



10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار بېيجىڭ خەلق سارىيىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىگە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار جاڭ شياۋسۇڭ، لو جېڭگۇاڭ)** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى خۇلاسىلەش يىغىنى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ خەلق سارىيىدا تەبرىكلەش پائالىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىگە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سەممىي كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى ۋە سەممىي سالام يوللىدى، ئۇلارنىڭ خىزمەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئەلا نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، كۆپچىلىكنى جاسارەتلىك ـ يارامىلىق بولۇپ، يەنە يېڭى تۆھپە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ چىشەن كۆرۈشۈشكە قاتناشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ خۇنىڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم خۇلاسىلەش يىغىنىدا سۆز قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خەلق سارىيىنىڭ شىمالىي زالىدا چىراغلار چاقناپ تۇرغان بولۇپ، كەيپىيات قىزغىن ئىدى. سائەت 10 ئەتراپىدا، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار بۇ يەرگە كەلدى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. شى جىنپىڭ كۆپچىلىك بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئارىلاپ پاراڭلاشتى ھەم سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

يىغىندا، شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ خۇلاسە دوكلاتىنى مەخسۇس ئاڭلىدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى تەبرىكلەش پائالىيىتى دۆلەتنىڭ كاتتا مۇراسىمى، كەيپىياتى داغدۇغىلىق، سالتەنەتلىك، كەڭ كۆلەملىك، سالاپەتلىك، قائىدە ـ ئۆلچەملىرى تەرتىپلىك، قائىدە ـ يوسۇن بىلەن مۇزىكا كىرىشتۈرۈلگەن مۇراسىم بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر تولۇق نامايان قىلىندى،
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ يېڭى زېلاندىيەنىڭ سابىق زۇڭلىسى جون . كېي بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي جېي)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا يېڭى زېلاندىيەنىڭ سابىق زۇڭلىسى جون . كېي بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نۆۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەت چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە. يېڭى ۋەزىيەتتە جۇڭگونىڭ تاشقى ھەمكارلىق ئارزۇسى ئاجىزلاشمىدى، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيدى. جۇڭگو تىنچ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىلىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، جۈملىدىن ھەرقايسى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىيات پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ،
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا پەن ـ تېخنىكا ۋە تەرەققىيات مۇنبىرىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا پەن ـ تېخنىكا ۋە تەرەققىيات مۇنبىرى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسپ ئۆزگىرىشى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىپ، پەن ـ تېخنىكا ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت، ئېكولوگىيە بىلەن چوڭقۇر ماس تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ.
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» 2 ـ تومىنىڭ مىللىي يېزىقتىكى نەشرىنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكۈزۈلدى

مۇخبىرىمىز **لى شىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» 2 ـ تومىنىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە نەشرىنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش يىغىنى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكۈزۈلدى.

«شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 2 ـ تومىغا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 2017 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدىكى سۆزى، سۆھبىتى، نۇتقى، تەستىقى،
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

## دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتتىق جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى، يوپۇرغا ناھىيەسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسى، ئاتۇش شەھىرى، ئۇلۇغچات ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى:
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي   بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

## ئىدىيەۋى ئاساسنى پۇختىلاش   مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش

—— قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردى

2 ـ بەتتە




«قوشاملىق ئۆي» بىلەن خوشلىشىش   شورلۇق سۇ بىلەن خوشلىشىش   يىرىم بېكىنمە ھالەت بىلەن خوشلىشىش

## دەريا بويى يېزىسى پۈتۈن گەۋدە بويىچە كۆچۈرۈلۈپ تارىخىي ھالقىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

مۇخبىرلىرىمىز **جىن چۈەن، لىيۇ دۈڭلەي، پەرىزات** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، دەريا بويى يېزىسىنىڭ يېڭى ئاھالىلەر نۇقتىسىدىكى يېڭى ئۆيىدە، ئايزىخان ئابلا كۆكۈچ رەڭلىك ياۋروپاچە سافادا بالىلىرىنىڭ ئويۇنىغا قاراپ ئولتۇراتتى، چىرايىدىن تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى. «بۇنداق يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ، ھەممە نەرسە خۇددى چۈشۈمدىكىدەك بىلىنىۋاتىدۇ» دېدى ئايزىخان.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئايزىخان ئائىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 114 ئائىلىلىك يۇرتداش قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىن كۆچۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرمەھەل «ئەڭ ئاخىرقى قۇملۇق قەبىلىسى» دەپ ئاتالغان دەريا بويى يېزىسى پۈتۈن گەۋدە بويىچە كۆچۈشنى تاماملاپ، تارىخىي ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

كېرىيە ناھىيەسى تەزكىرىسىدە خاتىرىلىنىشچە، 300 نەچچە يىل ئىلگىرى، كېرىيە ناھىيەسىدىكى ئىككى چوڭ جەمەت كېرىيە دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى بويلاپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرگەن ھەم ئولتۇراقلىشىپ كەنت شەكىللەندۈرگەن. ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل بۇ جاي دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرغان.

دەريا بويى يېزىسىنىڭ كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 363 ئائىلىلىك بار. كۆچۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، كەنت ئاھالىلىرى بىپايان قۇملۇققا تارقالغان بولۇپ، ئائىلىلەرنىڭ ئارىلىقى نەچچە ئون كىلومېتىر، ھەتتا يۈز نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى. كەنت ئاھالىلىرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد چارۋا بېقىشقا تايىنىپ ياشاپ كەلگەن بولۇپ، تۇرىدىغىنى يۇلغۇن شاخلىرى ياكى قومۇشنى ئاددىيلا باغلاپ، نېپىز سۇۋاپ سېلىنغان «قوشاملىق ئۆي»، ئىچىدىغىنى فتور مىقدارى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان شورلۇق سۇ، ياقىدىغىنى كىرسىن چىراغ ئىدى. 2002 ـ يىلىغا كەلگەندە، دۆلەتنىڭ «يېزىلارغا توك يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشىدىن نەپكە ئېرىشىپ، يېزىدا فوتوۋولت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى ھەم توك ئۇلاندى.
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش   گۈزەل كەلگۈسىگە ئاتلىنىش

—— 6 ـ قېتىملىق دۆلەت نامراتلارنى يۆلەش كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن

□ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىرۇي

بۇ بىر مەيدان بەختكە ئاتالانغان كۈچ ئۇلاش مۇسابىقىسى، ئېنىق ئاڭلىغىلى بولىدىغان جاراڭلىق سادا؛ بۇ بىر پارچە گۈزەللىك سۈرەتلەنگەن ئىنچىكە سىزما رەسىم بولۇپ، نەپىس سىزما كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئالتاي تېغى ئېتىكىدە، تارىم دەرياسى بويىدا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئىچكىرىسىدە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدە، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەممە جايدا شۇنداق بىر كۈچلۈك سادا ياڭرىدى —— نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز!

كۈچ ئۇلاش كالتىكى قولدىن قولغا يەتكۈزۈلدى. كۈچ ئۇلاپ كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى دەل جايىدا يولغا قويدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ قىياپىتىدە روشەن ئۆزگىرىش بولدى.

مۇساپە مۇساپىگە ئۇلاندى. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش گۈزەل نىشانىغا قاراپ، شىنجاڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە، جاسارەت بىلەن كۆچەپ يۈگۈرمەكتە.

جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش   نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش پارتىيەمىزنىڭ تەنتەنىلىك ۋەدىسى. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ 2020 ـ يىلىغا بارغاندا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە كىرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش شىنجاڭنىڭ مۇقەددەس بۇرچى.
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)